# دېھقان ھەققىدە ئىككى غەزەل

**ئىدرىس مەتسېيىت**

**دېھقان قەسىدىسى**

كېلۇر دېھقان جاھان ئىچرە جىمى ئىشتا قانائەتلىك،
يارالغاچقا ئەزەلدىنلا، چىداملىق ۋە جاسارەتلىك.

بىراۋ چاقچاپ، دېسە: «دېھقان ئەكەلگىن سۇ، يۇتۇم ئوتلاي»
كېلەر باشلاپ كۆمۈش دەريا، تولۇن ئايدەك لاتاپەتلىك.

قوشار سېپكە جاپا بىرلە پىشىل مايسا - بوۋاقلارنى،
شۇڭا دېھقان قەدىرلىكتۇر، كەمستكەنلىك ھاماقەتلىك.

ئەجەب قايناق بازار كۈن - تۈن، پىمەك - ئىچمەك تۇرار تاغدەك،
بەخش ئەتكەچ ئەزىز دېھقان ھاياتلىققا نازاكەتلىك.

شۇڭا دەيمەن باھار - تاڭدا ياشاپ كەتسۇن ئۇلۇغ دېھقان،
ئۇنىڭ بىرلە ۋەتەن ئەلنىڭ گۈزەل تۇرمۇشى كاپالەتلىك.

**دېھقان ناخشىسى**

دېھقانمەن ۋۇجۇدۇمدا گويا تاغدەك مادارىم بار،
دەۋرىمدە - زامانىمدا قىزىل گۈلدەك باھارىم بار.

ئىش باشلاپ سەھەر - تاڭدا تېرىپ ئاشلىق، تېرىپ كېۋەز،
ئۆيۈمدە ھوسۇل تولغان بىر مۇنچە تاغارىم بار.

ئوتلايدۇ مىلىم تاغدا، بۇلۇتلار توپىدەك يايلاپ،
بېغىمدا ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانارىم... بار.

يول تاپتىم، ئەقىل تاپتىم تۆكۈپ ساپ تەر ئېتىزلارغا،
شۇڭا ئەل يۇرت ئاراسىدا بېيىپ تاپقان قاتارىم بار.

رۇخسارىم قىزىل گۈلدەك، ماڭا ياتتۇر سېرىق تاللىق،
سايراتسام چىمەن ئىچرە راۋاب، تەمبۇر، ساتارىم بار.

تۇرمۇشتا غېمىم يوقتۇر، دىلىمدا ئارمىنىم كۆپتۇر،
گۈللەشكە ۋەتەن - ئەلنى يۈرەكتە چىن قارارىم بار.

# بىر كۈننىڭ ئىشى ئەمەس تۇرمۇش دېگەن

**مۇھەممەتجان راشىدىن**

توي دېگەن ئەنئەنىدۇر، تەنتەنىدۇر،
گويا ئۇ داغدۇغىسى بىر سەپەرنىڭ.
توي دېگەن تاغ كەينىدىن سوزۇلگەن تاڭ،
ئۆمۈردىن باشلىنىشى بىر سەھەرنىڭ.

توي دېگەن تەرەددۇتى ئەتكىزنىڭ،
ئۆلايدۇ ئەتلەرنى ئەتلەرگە.
باشلىنىپ تاڭلا «ئەللەي» ناخشىسىمۇ،
پەرزەنتلەر نۆۋەت ئالار ئەركىلەرگە.

توي دېگەن تىلەكلەرنىڭ تاج كەيگىنى،
ھەقلىقسىز تاپقان ناننى تەڭ يېمەككە.
شۇ تۇرمۇش ھارۋىسىنى تەڭ سۆرىمەي،
بولغايمۇ تۆككەن تەرنى تەڭ دېمەككە؟!

بوگۈن توي، تاڭلا تۇرمۇش، تاڭلا مېھنەت،
ياشىنىتار ھوجرىڭىزنى قەدىردانلىق.
ئوخشايدۇ يەر تېرىشقا تۇرمۇش دېگەن،
تەڭ بىلەك تۇرمەكمۇ تەڭ قەھرىمانلىق.

ئوخشىماس ئۆتكەن كۈنلەر بىر - بىرىگە،
گاھ راستچىل، گاھ يالغانچى دىلبىرىگە.
چۈشمىسە قولىڭىزدىن ۋاپا تۇغى،
چاڭ قونماس بېغىڭىزنىڭ گۈللىرىگە.

چىرايلىق كۈندۈز تۇگۇل، كېچىلەرمۇ
ياقتۇرماس ياش تۆكۈلگەن ياستۇقلارنى.
ياقتۇرماس تۇرمۇش دېگەن قىيداپ يۈرۈپ،
بىمەھەل قۇرۇغدالغان قاپچۇقلارنى.

بىر كۈننىڭ ئىشى ئەمەس تۇرمۇش دېگەن،
بىر تۈننىڭ چۈشىگىمۇ ئوخشىمايدۇ.
كۈنلەرنىڭ ئاچچىقى بار، تاتلىقى بار،
ياخشىلار يامان كۈندىن قاخشىمايدۇ.

قولىدا ئامەت تۇتۇپ پەرىشتىلەر،
يۈرىدۇ ئەگىپ ئىناق ھويلىلارنى.
ئىشىك ۋە تۈڭلۈكلەردىن تىللا تاشلاپ،
ئالتۇندىن توقۇپ بېرەر چويلىلارنى.

ئاسرىغان ئاسرىلىدۇ بۇ ئالەمدە،
باب كېلۇر بۇ ھەققەت جۈپلەرگىمۇ.
تۇرمۇشنىڭ گۈللەر پىرى مېھرىبانلىق،
سۇ كېرەك دەرەخ ئۈچۈن كۆكلەرگىمۇ.

ئالتۇندىن پۈتكەن ئۆيلەر گۈزەل ئەمەس،
گۈزەللىك جۈپلۈكتىكى ئىناقلىقتا.
كۆكۈلدىن سۇ ئىچمىگەن كۆكۈل يىغلار،
يۈرگەندەك ياردىن مىڭ يول يىراقلىقتا.

كۈلپەتلىك كۈنلەرمۇ بار بۇ ھاياتتا،
كۈندە ھېيت - بايرام ئەمەس ئالەم دېگەن.
راھەتتە ھۇزۇرلانسا، كۈلپەتكىمۇ
چىداشنى بىلىش كېرەك ئادەم دېگەن.

ھەر كۆكۈل ئۆزى ئۈچۈن بىر پادىشاھ،
ئەرزىيدۇ ھەر بىر يۈرەك ئەزىزلەشكە.
ئوخشىسۇن يۈرىكىڭىز، ئوتى بىلەن
توڭغانغا ئىسسىق بەرگەن قىززىق مەشكە.

ئۈللىيدۇ شۇنداق ئوتتا تۇرمۇش دېگەن،
باھارغا ئايلىنىدۇ ئۆيىڭىزمۇ.
شەربەت بوپ تۆيۈلىدۇ شۇنداق ئۆيدە،
مېھمانغا بەرگەن سوغۇق سۈيىڭىزمۇ.

# ئىككى شېئىر

**ساداقەتجان ھاجى**

**ئويلىغۇلۇق**

ئۈلار دېگەن ئەزىز ئىنسان،

ئىناق ئەلدە ئاپەت يوق،
تارقاق ئەلدە ئامەت يوق

ئەخمەتجان تاشتۆمۈر يازغان

# ئىككى شېئىر

**ئىبراھىم نىياز**

**ئانام، مەن، شېئىر**

(1)

شائىر دېمە ئەبەدىي مېنى،
شائىر دېگۈڭ كەلسە ناۋادا
شائىر دەپ بىل ئۇلۇغ ئانامنى...

(2)

**ئانام**

شېئىر يېزىپ باقمىغان بىلەن
شائىرغىلا كېتەتتى ئوخشاپ.
بىر چۆچەكنى باشلىسا ئەگەر
ئۇنتۇپ كېتەر ئىدى ئۆزىنى
تەبەسسۇمى چېھرىدە ئويناپ...
ئانام ئېيتقان چۆچەكلەر ئارا
«ئۇچار گىلەم» ئۈستىدە يېتىپ،
كائىناتنى چىقاتتىم كېزىپ.
ھېرىپ كەلسە ئوتتۇنچى بوۋاي
كېتەر ئىدى ئىچىم سىرىلىپ.

گۆھەر تۇغۇپ بەرگەندە توخۇ
شۇ ئوتتۇنچى بوۋايغا پىنھان.
ئىچ ئىچىمدىن شادلىققا چۆمۈپ
جىق نەرسىنى قىلاتتىم ئارمان.
تۇتۇش قىلسا تاماققا ئانام
جاپاسىنى توگەتمەك بولۇپ

«ئۇر توقمىقىم، ئۇر» دەپ ۋارقىراپ
كوچىلارنى كېزەتتىم ھەتتا
ئېگىمدىكى شۇم ئېغىز قاغا
تۇيۇلاتتى ئەجەب سۆيۈملۈك،
ئانام ئېيتقان چۆچەكلەر ئارا...
ئادىل شاھلار خىيال قۇشۇمنى
ئەركىلىتىپ يۈرگەندەك گويا.
ھەممە نەرسە سۆيۈملۈك بولۇپ
تۇيۇلاتتى ماڭا شۇ ئەسنا...

(3)

ئانام ئېيتقان چۆچەكلەر بىلەن
كېلىپ ماڭا شېئىر ئىلھامى،
تىزىپ چىقتىم كۆڭۈل سىرىمنى.
شائىر دېگۈڭ كەلسە ناۋادا
شېئىر خۇمار دوستلىرىم مېنى،
بۇ ئاتاقنى ئانامغا بېرىپ
چىن شائىر، دەپ بىلىڭلار ئۇنى...

**مۇقام...**

قېتىپ قالدىڭ
ئامانىسانىڭ زىناقلىرىدا
ناۋايىنىڭ غەزەللىرىدە...
كەلمەكتىمىز سېنى قېدىرىپ
بولۇپ گويا ئارخېئولوگ...

ئوخشايسەن ماڭا،
ئاختۇرىمەن ئۆزۈمنى سەندىن
كۆرمەكچى بولىمەن بوۋامنى قايتا
ئاشۇ مۇڭلۇق ئۇدارلىرىڭدىن...

مۇقام،
ئېلىپ كەتتىڭ خىياللىرىمنى
يىراق ئۆتمۈشكە...

# شېئىرلار

**ئەمەت جاپپار**

**ئىنتىلىش**

ئۆرلىدىم چەبدەس چوققا ئۈستىگە،
تىك قىيالارغا پىسەنت قىلماستىن.
غەيرەت - تىغىنى ئاتتىم كۆكسىگە،
دەم تارتقان غارنى كۆزگە ئىلماستىن.

يۇلتۇزلار باقار بەستىمگە تويماي،
كۆيۈپ قالغاندەك ماڭا ھەر كېچە.
تاغنى قۇچاقلاپ، باغلارنى سۆيۈپ،
ياساي سۆيگۈمدىن بىر يېڭى جاھان.

## ئىككى شېئىر

ساداقەتجان ھاجى

### ئويلىغۇلۇق

ئاتا - ئاناڭ قېرىپ قالدى،
قېشىغا بار، ھالىغا يەت.
ئۇلار سەندىن ئالتۇن ئەمەس،
مېھرىبانلىق تىلەر پەقەت.

ھاپاش قىلىپ سەيلە قىلدۇر،
كۆرسۇن كۈننىڭ يورۇقىنى.
قۇچىقىنى گۈلگە تولدۇر،
پۇرىۋالسۇن پۇرىقىنى.

قالدۇرماقچى بولۇپ ساڭا.
بۇ ھاياتنىڭ تاتلىقىنى،
ئۇلار ئۆتكەن ئاچچىق يۇتۇپ.
كۆرمەي تۇرمۇش شادلىقىنى.

سېنى گۈلدەك ياشىسۇن دەپ،
بەرگەن گۈزەل ياشلىقىنى.
شۇڭا بۈگۈن ئۇلار سەندىن،
ئىزدەيدۇ دىل شادلىقىنى.

ئۇلار دېگەن ئەزىز ئىنسان،
خاپا قىلىپ قويمىغۇلۇق.
ئۇلار بىزنى ئويلىغاندەك،
ئۇلارنىمۇ ئويلىغۇلۇق.

### ياخشىلارنىڭ كۆزى ئوت

كۆز دېگەن ئۇ،
كۆرۈش ئۈچۈن يارالغان،
بىركىملەرگە ئىسسىق باقسا،
بىركىملەرگە قادالغان.

ياخشىلارنىڭ كۆزى ئوتتۇر،
يۈرىكىڭنى ئىللىتار.
يامانلارنىڭ كۆزى ئوقتۇر،
تېگىپ كەتسە يىقىتار.

مەن تىلەيمەن، كۆز بولسا،
ئىسسىق بولسۇن، ئوت بولسۇن.
ئوت بولمىسا، ئۇنداق كۆز
ئارىمىزدىن يوق بولسۇن.



ھەيرانلىق

ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

باھارغا ئايلىنىدۇ ئۆيىڭىزمۇ.
شەربەت بوپ تۇيۇلىدۇ شۇنداق ئۆيدە،
مېھمانغا بەرگەن سوغۇق سۈيىڭىزمۇ.

ئىلاھىم، شۇنداق ئۆيلەر سىزدە بولسۇن،
ئىلاھىم، شۇنداق ئۆيلار بىزدە بولسۇن.
جۈپلەرگە مىزان بولسۇن ۋاپادارلىق،
بەختىمۇ شۇنداق ئوغۇل، قىزدا بولسۇن.

ئىچ ئىچىمدىن شادلىققا چۆمۈپ
جىق نەرسىنى قىلالىتىم ئارمان.
تۇتۇش قىلسا تاماققا ئانام
جاپاسىنى تۈگەتمەك بولۇپ
ۋارقىرايتىم: «ئېچىل داستىخان»
كۈلۈپ قويۇپ گېپىمگە ئانام
لەگمەن سوزۇپ ئاۋارە ئىدى
ماڭىمۇ ھېچ سۇرمەستىن زۇۋان...

## غەيرىي كۈيلەر تۈگەيدۇ قاچان

غوپۇرجان شېرىپ

بىرسى دېسە «ئانا سىز قېنى...؟»،
بىرسى دەيدۇ «ئاتا سىز قېنى...؟».
يەنە بىرى دەيدۇ پەرياتتا
«سۆيۈپ قاچقان ۋاپاسىز قېنى».

بىرسى دېسە «شادلىقىم قېنى...»،
بىرسى دەيدۇ «پاكلىقىم قېنى...».
يەنە بىرى دەيدۇ ھەسرەتتە
«ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقىم قېنى...».

تولۇپ كەتتى سەھنە، ئېكرانغا،
ناخشا ئەمەس ھەسرەتلىك ئۈنلەر.
قاچان ئالار ئۇنىڭ ئورنىنى
جۇشقۇن، ئويناق، يېقىملىق كۈيلەر.

## توقۇمىچى قىز ناخشىسى

ماھنۇر قاسىم (ئىشچى)

ئاق پاختىدەك قەلبى ئاپئاق ئىشچىمەن،
پارتىيىنىڭ مېھرىدە شاد يېتىلگەن.
مېھنەت سۆيۈپ ئىش - ئەمگەكتە تاۋلىنىپ
گۈزەل ئارزۇ، مەقسەتلەرگە ئىنتىلگەن.

ئاتا - ئانام ئەسلىي دېھقان - پاختىكار،
كېۋەز تېرىپ يەردىن ئالغان ئاق ئالتۇن.
كېلىپ ئۇلار ئەمگىكىگە مەسلىكىم،
لاۋۇلدايدۇ يۈرىكىمدە ئوت - يالقۇن.

بولدۇم مانا توقۇمىچى - ئىشچى قىز،
ئۆز كەسپىمگە يانار دىلدا ئىشتىياق.
يىپ ئېگىرىپ، توقۇپ رەڭدار رەخلەرنى،
ئىشلەيمەن پاھ! جۇشقۇن، روھلۇق ھەممە ۋاق.

شەرەپ دەيمەن ئۆز ئىشىمدا شان قۇچۇپ،
ئەل - ۋەتەنگە يېڭى تۆھپە قوشۇشنى.
شەرەپ دەيمەن جاپا چېكىپ، تەر تۆكۈپ،
غەيرەت بىلەن ئۆتكەللەرنى بۆسۈشنى.

مەن بەختىيار يېڭى دەۋر ئىشچىسى،
ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئارمىنىم.
ئىزدىنىمەن ئارمىنىمغا يېتەي دەپ،
خەلقىم ئۈچۈن بېغىشلانغان بارلىقىم.

## سەبىي تۇيغۇلار

ئابدۇكېرىم ھاپىز

### كۆلدىكى ئاي شولىسى

ئاي شولىسى بۇ كېچە،
لىق تولۇپتۇ كۆلچەككە.
بېلىقچانلار شولىدىن،
ئۆي ياساپتۇ ئۆزىگە.

كۆل بويىدا مەجنۇنتال،
چۈپتۇ لەرزان ئۇسسۇلغا.
ئاي شولىسى جىمىرلاپ،
جۆر بولۇپتۇ ئۇنىڭغا.

چىلاپ يۇمران قولىنى،
شولا تولغان كۆلچەككە.
يۈزلىرىنى يۇيۇپتۇ،
كۆل بويىدا ئوت-چۆپلەر.

### شەھەردىكى دوستۇمغا

بەك قايناقتۇر سەھرانىڭ،
مول - ھوسۇللۇق كۈز پەسلى.
كۆڭلىمىز كەڭ سەھرادەك،
بىز سەھرانىڭ بالىلىرى...

شەھەردىكى دوستلىرىم،
كېلىپ كېتىڭ سەھراغا.
شەھەردىن كۆپ كىتابلار
ئالغاچ كېلىڭ دوستلارغا.

بېغىمىزدا مېۋىلەر،
پىشتى تازا مەي باغلاپ.
تېتىپ بېقىڭ تەمىنى،
شاخ - شېخىنى ئارىلاپ.

يالاڭ ئاياغ بولۇشۇپ،
يۈگرىشەيلى يوللاردا.
دوستلۇق گۈلى ئېچىلسۇن،
باسقان ھەر بىر ئىزلاردا...

ئۆرلىدىم چەبدەس چوققا ئۈستىگە،
تىك قىيالارغا پىسەنت قىلماستىن.
غەيرەت - تىغىنى ئاتتىم كۆكسىگە،
دەم تارتقان غارنى كۆزگە ئىلماستىن.

نەچچە تېيىلىپ تەكرارلاندى يول،
ئۆگەتتى ئەقىل ھەر بىر تېيىلىش.
شىجائىتىمگە دىشۋار قويدى قول،
چېكىپ بارغانچە دىلدا ئىنتىلىش.

گويا يولۋاستەك يانمىدىم ئىزدىن،
ئۈمىدتىن ئىشەنچ تېپىپ ئۆزۈمگە.
چوققىغا چىقسام قارشى ئېپ قىزغىن،
كۈن نۇرى سۆيدى شۇئان يۈزۈمگە.

### ھەمراھ

تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرىمەن تەنھا،
بىر جۈپ كۆزۈمنى تىككەنچە يىراق.
يالغۇزلۇق ماڭا بىلىنمەس ئەسلا،
يانغاچ دىلىمدا بىر ئىشقى - پىراق.

ئاخشىمى كۆكتە ئۈزەر تولۇن ئاي،
ھەمراھ بوپ ماڭا تاكى تاڭغىچە.


كۆيۈپ قالغاندەك ماڭا ھەر كېچە.
تاغنى قۇچاقلاپ، باغلارنى سۆيۈپ،
ياساي سۆيگۈمدىن بىر يېڭى جاھان.
ئەلنىڭ ئىشقىدا ئۆتسەملا كۆيۈپ،
مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇر ئۆز جانان.

### تاڭ ساباسى

تاڭ ساباسىنىڭ ئۆزگىچە سېھرى،
ئەركى قولىدا يۈگەنسىز ھامان.
يايرىتىپ تۇرار يۈرەكنى مېھرى،
شام - سەھەر دېمەي سۆيۈپ ھەر زامان.

تاڭ ساباسىدىن شوخلىنار جانلىق،
تاللار ئۇسسۇلدا، كۆڭۈل راھەتتە.
مۇجەسسەم ئاڭا ساپ ھاۋا، پاكلىق،
چېگرىسىز چىقار ھەر يەر، ھەر پەيتتە.

ئېنىقكى ئەگەر بولمىسا شامال،
بۇرۇختۇملۇقتىن سېسىيدۇ ھەريان.
تاڭ ساباسىدا بار خىسلەت، ئامال،
ئۇنىڭ كۈچىدىن جانلىنار جاھان.



يېڭى قورۇ

ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

